## يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنىڭ تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خادىملىرى قوشۇنىغا ئەللالارنى تاللاپ، كۈچلۈكلەرنى سەپلەپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خادىملىرنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا شارائىت يارىتىش كېرەك. خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلىدىغان ناھىيە(شەھەر)لەر باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار بىرىنچى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ئۆز رايونىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى، ھەرقايسى كەسىپ، تارماقلار كەسپىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشى، كەڭ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمەتچى خادىملىرى ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ئىنچىكە ئىشلىشى، پۇختا ئىشلىشى، ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئەڭ ھالقىلىق پەيتكە كەلدى. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھالىتىنى ساقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى پۇرسەت بىلىپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئىلگىرىلەپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان روھىي ھالەت ئارقىلىق پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ يېڭىپ، دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى قاراتمىلىق ھالدا ياخشى ئىشلەش؛ كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مۇستەھكەملەش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تۈرلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى پىلانلاش؛ كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلارنى يۆلەش ھېكايىلىرىنى ياخشى سۆزلەپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئورگانىك جىپسلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، جاسارەت بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق كۆرسەتتى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، ئۆلچەمنى چىڭىتىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، تەشكىلىي رەھبەرلىك جايىدا بولۇش، مەبلەغ كاپالىتى جايىدا بولۇش، خادىملارنى ئاجرىتىش جايىدا بولۇش، كەسپىي تەربىيەلەش جايىدا بولۇش، تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەش جايىدا بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئىنچىكە خىزمەت ئىستىلى بىلەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، قەتئىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تاماملاش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسى شىنجاڭ تەكشۈرۈش باش ئەترىتى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ئىستاتىستىكا ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلار، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى بار ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)لەر، ناھىيە(شەھەر)لەردىكى مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

### ئاپتونوم رايون تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ

# ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش قىشلىق مەخسۇس ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، گوۋۇيۈەننىڭ دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش قىشلىق مەخسۇس ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇشنى قايتا سەپەرۋەر قىلىپ، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، قايتا تەلەپ قىلىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئەمگەك ھەققى جەھەتتىكى ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغدىدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)لەر، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇش بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قارىتا، «ئىككىنى نۆللەشتۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، يەنى: 2020 ـ يىلى يۈز بەرگەن ھۆكۈمەت مەبلەغ سالغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى، دۆلەت كارخانىلىرى تۈرلىرى ھەمدە ھۆكۈمەت بىلەن جەمئىيەت كاپىتالى ھەمكارلىق تۈرلىرىدىكى دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشقا ئائىت تۈرلۈك دېلولارنى يىل ئاخىرىدىن ئىلگىرى پۈتۈنلەي نۆللەشتۈرۈش، ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشقا ئائىت باشقا دېلولارنى 2021 ـ يىلى چاغاندىن ئىلگىرى ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈش.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنى باشقۇرۇش تىزىملىك دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، ھەر ۋاقىت ئىگىلەپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ياخشى تۇتۇپ، ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنمىسا تىزىملىكتىن ئۆچۈرمەسلىكنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنى ھەمكارلىشىپ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە بىرلىشىپ جازالاپ ئاگاھلاندۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك. ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىش، سەۋەبسىز نېسى قالدۇرۇش ياكى ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشقا ئائىت قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار تۈپەيلىدىن ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋەقە ياكى چېكىدىن ئاشقان ۋەقە كېلىپ چىقسا، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇش «قارا تىزىملىك»كە كىرگۈزۈپ، بىرلىشىپ جازالاپ ئاگاھلاندۇرۇشنى يولغا قويۇش كېرەك. ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشقا ئائىت ئېغىر، چوڭ دېلولارنى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ۋاقتىدا جەمئىيەتكە ئېلان قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تۈپتىن تۈزەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

# مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئۆگىنىلىپ، ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن. ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيەلىك كادىرلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «14 ـ بەش يىل»لىق تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى پىلانلاپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، يۈكسەك ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەتراپلىق ئىگىلەش جەھەتتە باش قاتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئارقىلىق ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەقىقىي تۈردە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسى ۋە مەخسۇس يىرىك پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ماددىمۇ ماددا، تۈرمۇتۈر ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، پارچىلاپ، مەسئۇلىيەت، ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «13 ـ بەش يىل»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاش، «14 ـ بەش يىل»نى باشلاش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىش كېرەك.

يىغىندا، جاۋ چۈجيۇ، جاۋ چىڭ، سۈن خۇڭمېيلار ئۆزى مەسئۇل بولغان خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش تەسىراتى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى سۆزلىدى.

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20 ـ قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 20 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى ماقۇللاندى، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، «ئاپتونوم رايوننىڭ گېئولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش نىزامى (تۈزىتىلگەن دەسلەپكى لايىھە)»نى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹يېزا يەر ھۆددىگەرلىكى قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (تۈزىتىلگەن دەسلەپكى لايىھە)» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى (دەسلەپكى لايىھە)» توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتىنىڭ ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم ـ چىقىمنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشتا تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، 2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەڭشەش لايىھەسى (دەسلەپكى لايىھە) توغرىسىدىكى دوكلات، 2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، ئىجتىمائىي كاپالەت ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، دەۋا مۇلازىمىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، جىنايى ئىشلار تەپتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۈخمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۈ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چۈجيۇ، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار، دائىمىي كومىتېت خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرى، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىقلار يىغىندا سىرتتىن قاتناشتى.